# ئۇيغۇر ئىسلام قىزى سىڭىلچىقىمغا

گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالامغا ، ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بارلىق كىشلەرگە بولسۇن !

ئى ئۇيغۇر ئىسلام قىزى سىڭىلچىقىم !

ئى قەلبىدە ئىسلام (يۇشرۇنغان)ئۇرۇنلاشقان، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆردىغان، ئاللاھ ئىففەتنى، پاكلىقنى ئەقىلنى ئىنئام قىلىپ بەرگەن، ئاللاھ ئۈچۈن رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىۋاتقان، ئاللاھ ئۈچۈن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئىسلام قىزى قىرىندىشىم. سىز مۇسلىمە، سىز مۇئمىنە، سىز ئىسلام قىزىسىز! سىز پاكسىز ئىففەتلىكسىز ! سىزگە رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ:« ئاياللارغا ياخشى ۋەسيەت(نەسىھەت) قىلىڭلار» دىگەن سۆزى بىلەن نەسىھەت قىلىۋاتىمەن. سىز ئەرلەر ھاياتىدا بىر نىسبەتنى ئىگەللىگەن ئىنسانسىز! گاھىدا ئەرلەر ئۈچۈن قىرىنداشىسىز ياكى ئەرلار ئۈچۈن تۇرمۇش ھەمراھىسىز، ياكى ئۇنىڭ قىزىسىز ! سىز شۇنچە قەدىرلىكسىز !

ئى پاك ئۇيغۇر ئىسلام قىزى.مېنىڭ سۇئال سورىشىمغا رۇخسەت بىرىڭ!

بۇ پاك ئىففەتلىك دىگەن سۈپەت قانداق قىزلارغا لايىق سۈپەت؟ يۈز باشلىرىنى ئورۇماستىن سىرتلارغا چىققاندا خۇش بۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، ھوسۇنلىرىنى تۈزەپ، ئاللاھ ئاتا قىلغان گۈزەل جامالىنى يات ئەركەكلەرگە كۆرسۈتۈپ يۈرگەن قىز-خانىملارغىمۇ؟ ۋە ياكى ئۈزۈن، ئەمما تار كۆينەكلەرنى كىيىپ گۈزەل بەدەنلىرىنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلغانلارغىمۇ ؟ ياكى كالتا ئۈچۈق يۈپكىلارنى كىيىپ، كىشىلىك ئۇيغۇر جەمئىيتىنىڭ ئەخلاقى بۇزىلىشىغا ھەسسە قوشقانلارغىمۇ؟ ياكى ئۆزىچە مەدىنىلەشتۇق دەپ، غەرىپچە كىيىملارنى كىيىپ، ئۆز مەدەنىيتىدىن مىللى ئەنئەنىسىدىن يىراقلاشقان ھالدا، بىر كۈن بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيتىنى يەنە بىركۈن قارىسىڭىز؛ دىن، ھازارەت، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، تىل....قاتارلىقلارنى مىڭ يىل باغلاپ قويىسىڭىزمۇ بىر يەرگە كەلمەيدىغانلارنىڭ يۈرۈش تۇرۇشىنى دوراپ يۈرگەنلەرگىمۇ؟ قىنى دەپ بىقىڭچۇ سىزنىڭچە مۇشۇلارنىڭ قايسىسى ئىففەتلىك ئۇيغۇر ئىسلام قىزلىرى دەپ ئېيتالايسىز؟!

ياق ياق مىڭلارچە ياقكى بۇلارنىڭ ھىچ بىرى ئىففەتلىك ئايالار دىگەن سۈپەتكە لايىق ئەمەس. ئى ئىسلام ئۇيغۇر قىزى سىڭىلچىقىم! بىلىڭكى ئاللاھ سىزنى ھەر

ۋاقىت ھەر ماكاندا كۆزىتىپ تۇردۇ .ئاللاھ ھەق سۇبھانەھۇ ۋاتائالا سىزنى سۆيۈملۈك رەسۇلىمىز تۇسقان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن ھالىتىڭىزدە كۆرسە، رازىمۇ سىز؟ ئاللاھ ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئى پەيغەمبەر ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئايال ئىكەنلىكى) ئەڭ ئاسان تونۇلىدۇ دە باشقىلار ئۇلارغا چىقىلمايدۇ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ناھايىتى مېھرىباندۇر » دىمىدىمۇ ؟ سۆيۈملۈك رەسۇلىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:«قانداق بىر ئايال خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ئىشلەتكەن ھالدا سىرىتقا چىقسا،كىشلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتسە ،ئۇلار ئۇ ئايالنىڭ خۇش پۇراق ھىدىنى پۇرسا، ئۇ ئايال زىناخۇردۇر» دىمىدىمۇ ؟ ئائىلىدە ئىرىڭىز ئۈچۈن پەرەنتىلىرىڭىز ۋە ئاكا-ئۇكا، ئاياللار ئارىسىدا خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ.بۇ يەردە زىكىر قىلىپ ئوتۇشكە لايىق بولغان مۇھىم نوقتا، بىزنىڭ جەمىيىتىمىزدە قىز-خانىملار توي-توركۈن چايلارغا بارسا، ئەڭ گۈزەل كېيىملىرىنى كېيىپ ئالاھىدە گىرىملارنى قىلىپ ئەر-ئايال بىرگە ئولتۇرىدىغان چاي-ئولتۇرۇشلارغا بىرىپ باشقىلارنىڭ كۆزىنىڭ يىغىنى چىقىرىۋىتىپ كىلىدۇ، ئەمما بىچارە ئەرچۇ، ئايالىنى ماي ۋە تەر پۇرايدىغان ۋە ياكى سۈت پۇرايدىغان كېيىملار بىلەن كورىدۇ.ئى سىڭىلچىقىم! بەلكىم سىز ئۇنداق بولماسلىقىڭىز مۇمكىن،ئەمما ئۇنداقلارمۇ ئاز سانىنى ئىگەللىمەيدۇ.سىز نېمە ئۈچۈن چىرايلىق كېيىملىرىڭىز، گۈزەل پەدازلىرىڭىز، خۇشپۇراق ھىدلىرىڭىز بىلەن ئىرىڭىزنى كۈتۈپ ئالمايسىز؟!شۇنداق قىلىپ بىقىڭچۇ قېنى ئۇنىڭ نەتىجىسىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كورىسىز. ھۆسن-جامالىڭىز،گۈزەل تۇرقىڭىزدىن زوقلىنىشقا ئەڭ ھەقلىق ئىنسان سىزنىڭ تۇرمۇش يولدىشىڭىز يۈرەك پارىڭىز بولغان باللىرىڭىزنىڭ دادىسىدۇر. سىز باشقىلارغا پۈتۈن گۈزەللىكىڭىزنى كۆرسىتىپ ياسىنىپ يۈرىيسىز، مېنىڭچە بۇ، دىن ۋە ئەخلاق، مىللى ئورپ-ئادىتىمىزمۇ قوبۇل قىلمايدىغان بىر ئۇقۇم، گەرچە ھازىر نورمال بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالغان بىلەن.

ئى ئۇيغۇر ئىسلام قىزى سىڭىلچىقىم! شەيتانىنىڭ يوللىرىدىن بىر يولدا مىڭۋاتقانلىقىڭىزغا رازىمۇسىز؟ ئاللاھنىڭ دوشمەنلىرنىڭ ۋە كۇپپارلانىڭ كۆرسەتمىللىردە مىڭۋاتقانلىقىڭىزغا رازىمۇسىز؟

ئەزىز ئۇيغۇر ئىسلام قىزى سىڭىلچىقىم! رەھمان تائالاھنىڭ غەزىپىگە ، دوزاخقا كىرشىڭىزگە ۋە دىنىڭىزدا چەكلەنگەن ئىشلارغا سەۋەب بولىدىغان قىلمىشلاردا بولىۋاتقانلىقىڭىزغا رازىمۇسىز ؟

ئى ئۇيغۇر ئىسلام قىزى سىڭىلچىقىم! قەبرە بولسا جەننەت بوستانلىرىدىن باغچا، ياكى دوزاخ ئوڭكۇرلىرىدىن بىر هاڭدۇر، سىز قەبرىڭىزنىڭ قايسىدىن بولىشىنى خالايسىز؟ رەهمان تائالاهنىڭ جەننىتىگە نائىل بولىشىڭىزغا؛ ئاللاه ۋە ئاللاهنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرىقىغا ئاسىيلىق قىلىشىڭىز توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمىيىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر ئىسلام قىزلىردا كۆرلىۋاتقان هەم سەل قارىلىۋاتقان گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ تۈپ نىگزى بولسا شەرئى ۋە ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويۇنچە كىيىنمەسلىك، ئاللاهنى تونۇماسلىق، رەسۇلۇللاهنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك،نىمە ئۇچۇن يارىتىلغانلىقىمىز توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزمەسلىك، مەيدانسىزلىق، ئۆزىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنۇتۇش..... قاتارلىق كۆپلىگەن مەسىلىلەر مەۋجۇت. بەلكىم ئۇيغۇر ئىسلام قىزلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىمۇ رازى بولمايدىغان بىر هالەتكە كىلىپ قىلىشنىڭ مەلۇم سەۋەپلىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆزدىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ.ئاللاهدىن ئۇلارغا ئىپپەت ۋە هايا، بۈيۈك ئىمان تىلەيمىز. ئى سىڭىلچىقىم !ئەمدى قاراپ بىقىڭچۇ سىز قانداق قىلغاندا ئىففەتلىك ئىسلام ئۇيغۇر قىزى دىگەن سۈپەتكە لايىق بولدىكەنسىز!

سىز شۇنى ئۇنۇتماسلىقىڭىز كىرەككى، سىز ئىسلامغا مەنسۇپ!سىز ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ!سىز ئىسلامنىڭ ئىززىتى! مىللەت ۋە ئانا ۋەتەننىڭ پەخرى!